
www.xjprgfan.com
UYGHUR COMPUTER CLUB
ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى تور ژورنىلى
Windows Vista SP1 كۈزدە تارقىتىلىدۇ
BIOS ئاگاھلاندۇرۇش ئاۋازلىرى
قاتتىق دىسكا قوغداش سەردارى
تېز سۈرئەتتە گوستلاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش
شىنجاڭ پروگرامما ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبى
www.Uyghurcfan.com
www.Bilish.com
تەھرىر: سەزگۈر
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەردان
2007.4

# مۇندەرىجە

## ☆ كومپيۇتېر خەۋەرلىرى ☆


Vista SP1 مۇشۇ يىل كۈزدە تارقىتىلىدۇ................................................سەزگۈر 3

Windows XP Sp3 ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن................................ 4

مىكروسوفت 3D تەقلىدىي يەرشارى .................................................... 5

Windows Live Messenger نى يانغۇندىمۇ ئىشلىتەلەيسىز.......................... 6


## ☆ يۇمشاق دېتال سالونى ☆


قاتتىق دىسكا قوغداش سەردارى–HDDLife Pro........................................سەزگۈر 7

3 لا قەدەمدە بىلەن سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش............................................مەردان 14

BitComet نى ئىشلىتىشتىن ئەپچىل چارىلەر...................................................نەۋشاد 16


## ☆ ئۆگىنىش-بۆگىنىش ☆


BIOS ئاگاھلاندۇرۇش ئاۋازلىرى...........................................................مايور 20

Windows XP دىكى قىزىقارلىق ھادىسىلەر...................................................مايور 26


## ☆ كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىن تەجرىبىلەر ☆


Windows XP دىكى ھېسابلىغۇچتىن ئەپچىل پايدىلىنىش...................................سەزگۈر 28


## ☆ تور بىلىملىرى ☆


ئاسانلا ئۇسۇلدا FLV ھۆججىتىگە ئېرىشىش.................................................سەزگۈر 33


## ☆ «بىلىش» تىن سوئال-جاۋابلار ☆


«بىلىش» سىستېمىسىدىكى نادىر ھەل بولغان سوئال-جاۋابلار...............................بىلىش 35


## ☆ ساندا 5 ئەپچىل چارە ☆


Windows كونۇپكىسىدىن ئەپچىل پايدىلىنىش...........................................سەزگۈر 29

ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان خاتالىق دوكلاتىنى يوقىتىش.................................. 30

ۋەزىپە باشقۇرغۇچنى چەكلەش.......................................................... 31

Windows Media Player نى DVD قويالايدىغان قىلىش.............................. 31

سىستېمىنى ئاپتوماتىك ۋاقىت توغرىلاتقۇزۇش............................................ 32


## ☆ كومپيۇتېر بىلەن ئۆتكەن ھايات ☆


قىز بىلەن يىگىتنىڭ QQ جېڭى...........................................................تەدبىركار 38


# كومپيۇتېر خەۋەرلىرى

**تەييارلىغۇچى:سەزگۈر**

## يادروسدا زور يېڭىلىنىش بولغان Vista SP1 مۇشۇ يىل كۈزدە تارقىتىلىدۇ

گەرچە مىكروسوفت Vista SP1 نىڭ خەۋىرىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ ،لېكىن ئەھۋالنى بىلىدىغان زاتلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە Vista SP1 جىددىي تەتقىق قىلىش باسقۇچىدا ئىكەن.

چۈشەندۈرۈشلەرگە قارىغاندا،مىكروسوفت مۇشۇ يىل كۈزدە Vista SP1 نى Windows Longhorn Server بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلماقچىكەن.SP1 يامىقى Vista نىڭ سىستېما يادروسىغا تېزلىتىش ئېلىپ بېرىپ، Longhorn مۇلازىمېتىر يادرولۇق سەۋىيىسىگە يەتكۈزىدىكەن.مىكروسوفت ئىچكى قىسىمدا بۇ پىلان مۇقىملاشقىلى خېلى ۋاقىتلار بوپقالغان،ھازىر بارلىق خىزمەتچىلەر مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئالدىراش ئىشلەۋاتىدۇ.







مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا Ethan Allen ئىسىملىك بىر ئادەم بلوگىدا 100 دىن ئارتۇق يېڭىلاش تولۇقلىمىسىنىڭ تىزىملىكىنى چىقارغان،ھەم بۇ تولۇقلىمىلارنىڭ Vista SP1 نىڭ بىر قىسمى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.ئۇ يەنە بۇ تولۇقلىمىلارنىڭ مىكروسوفت ئاشكارىلىغان بىلىم ئامبىرى (Knowledge Base) دىن كەلگەنلىكىنى،پەقەت شۇ ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدەك بۇ تولۇقلىمىلارنى بىر يەرگە يىغمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.مىكروسوفتمۇ Allen نىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى يوللاشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان.

# Windows Xp SP3

## ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن

Windows XP Service Pack 3 دەسلەپتىكى 2005-يىلى تارقىتىلىشتىن 2006-يىلىغا، يەنە 2007-يىلىدىن 2008-يىلىغا كېچىكتۈرۈلدى.ئەگەر مىكروسوفتنىڭ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىسىڭىز شۇنى بايقايسىزكى،ئۇلار ئالللبۇرۇن Windows XP گە بولغان قوللاشتىن ۋازكېچىشكە تەييارلىق قىلىپ XP SP3 نى چىقارماسلىق كويىدا بولۇۋاتىدۇ.

مىكروسوفت داڭلىق مەخسۇس ستون يازغۇچىسى Paul Thurrott نىڭ يېقىندا بىلدۈرۈشىچە،مىكروسوفت Windows 2000 غا تاقابىل تۇرغانىدەك XP غا تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاۋاتىدۇ؛ئۇلار ئاۋۋال ئۆزۈن مۇددەتلىك كېچىكتۈرۈپ،بۇ مەھسۇلاتنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى قالمىغاندا ئاندىن ئاخىرقى بىخەتەرلىك تولۇقلىمىسى توپلىمى ئارقىلىق جەڭنى ئاخىرلاشتۇرماقچى.ئۇ يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن:«بۇ مىكروسوفتنىڭ مەن كۆرگەن ئەڭ ناچار ئاقۋىتى.بەلكىم سىز مىكروسوفتنىڭ ئۆزى ساتقان ئەڭ ياخشى مەشغۇلات سىستېمىسىغا قارىتا تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت قوللىشنى ئۈمىد قىلىدىغانسىز،بىراق ئەمەلىيەت شۇكى،مىكروسوفت يېڭى تىجارەت كىرىمنى قوغلىشىپ ئالدىنقى ئەمگەكىدە توختىتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ.گەرچە نەچچە يۈز مىڭلىغان ئابونتلار كەلگۈسى خېلى ۋاقىتلارغىچە XP ئىشلىتىدىغان بولسىمۇ،لېكىن مىكروسوفتنىڭ نۆۋەتتىكى كۆپ قىسىم تىرىشىشى كېيىنكى ئەۋلاد Windows يەنى Vista نى قانداق سېتىشتا بولۇۋاتىدۇ،شۇڭلاشقا ئۇلار ئەمدى داۋاملىق XP گە بولغان قوللاشنى چىقارمايدۇ.»



# Google Earth قا جەڭ ئېلان قىلغان ـ مىكروسوفتنىڭ 3D تەقلىدىي يەر شارى

Google Earth بىز ئاللىقاچان پىششىق كەتكەن خەرىتە مۇلازىمتى،ئۇنىڭ ييقىندا ئېلان قىلىنغان 3D شەھەرلىرى كەڭ ئابونتلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.مىكروسوفتمۇ تەبىئىيلا كەينىدە قېلىشنى خالىماي،Live Maps نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن،5ـئاپرېل يەنە Virtual Earth 3D نىڭ 1.1 سىناق نەشرىنى تارقىتىپ،ئۆزىنىڭ 3D شەھىرىنى ياراتتى.

مىكروسوفت Virtual Earth 3D نى Google Earth بىلەن سېلىشتۇرغاندا 3D شەھەر ئىقتىدارلىرى ناھايىتى ئوخشاش دېگۈدەك بولۇپ،لېكىن Virtual Earth 3Dئارتۇقچىلىقى شۇكى ئۇ مەخسۇس يۇمشاق دېتالسىز بىۋاستە تور كۆرگۈچتىلا ئىجرا بولىۋېرىدۇ.ھەمدە Google Earth نىڭ 3D مودىللىرىنى كۆپىنچە ئابونتلار ئۆزلىرى ياسىۋالىدىغان،لېكىن مىكروسوفت ھازىر پەقەت ئۆزىنىڭلا كۈچىگە تايىنىۋاتىدۇ.بۇنداق بولغاندا گەرچە كېڭەيتىش سۈرئىتى بەلكىم ئاستا بولۇشى مۇمكىن،لېكىن بىر تۇتاش سۈپەت ئۆلچىمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە،Virtual Earth 3D ئامېرىكىدىكى 10 نەچچە شەھەرنىڭ 3D كۆرستىلىشىنى ئۆز قىسمىغا ئالغان.ئابونتلار پەقەت maps.live.com غا تىزىملىتىپ،قورال ستونىدا 3D نى تاللاپ قىستۇرما قورالنى قاچىلىسىلا بولىدۇ.

چۈشۈرۈش ئادرېسى:

http://download.microsoft.com/download/0/f/b/0fb0fab9-7f09-4bb6-86d8-8e791ba99ac5/Setup.exe





# بۇنىڭدىن كېيىن Messenger نى يانفوندىمۇ ئىشلىتەلەيسىز

4-ئاينىڭ 6-كۈنى،مىكروسوفت MSN گورۇپپىسى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى بولغان Windows Live Messenger نى يانفون ئابونتلىرىنىڭ ھەقسىز چۈشۈرۈپ ئىشلىتىشىگە تەمىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

MSN نىڭ بىلدۈرۈشىچە، Messenger يانفون ئابونتلىرى ئۈچۈن (Messenger手机客户端) بولسا مىكروسوفت MSN جۇڭگو بازارلىرىغا قارىتا مەخسۇس ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات بولۇپ، Messenger ئابونتلىرىنى PC ئۇچىدىن يانفونغا قارىتا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مىكروسوفت ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفون مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئىشلەتكەن يانفونلاردىن باشقا، نوكىيا، سوئەي، موتورولا قاتارلىق مىكروسوفتنىڭ مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئىشلەتمىگەن يانفونلارمۇ بۇ مۇلازىمەتنى خاتىرجەم ئىشلىتەلەيدۇ. http://mclient.msn.com.cn ئادرېسى ئارقىلىق بۇ سىستېمىنىڭ ئەڭ يېڭى نەشرىنى چۈشۈرۈپ قاچىلاپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.

ئىلگىرى تېڭشۈن شىركىتى كۆچمە QQ نى ھەقسىز ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى بالدۇر ئېلان قىلغانلىقتىن، تەھلىلچىلەر بىردەك مىكروسوفتنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆچمە QQ غا بولغان رىقابەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دەپ قارىدى.

مىكروسوفتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادا ھەر ئايدا 263 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم Messenger مۇلازىمىتىنى ئىشلىتىپ دوستلىرى ۋە ئائىلىدىكىلىرى بىلەن ئالاقە ئېلىپ بارىدىكەن. جۇڭگودا، Messenger نىڭ ھەرىكەتتىكى ئەزا سانى 15 مىليونغا يەتكەن.








# يۇمشاق دېتال سالونى

## قاتتىق دېسكا قوغداش سەردارى - HDDLife Pro

ئاپتورى :سەزگۈر        sazgur617@163.com

كومپيۇتېردىكى ئىسسىقلىق تارقىتىشى يۇقىرىراق بولغان قاتتىق دېتاللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىكى قاتتىق دېسكىدۇر.چۈنكى بارلىق ھۆججەتلەر ئۇنىڭدا ساقلىنىدۇ.ناۋادا قاتتىق دېسكا قىزىپ كېتىش سەۋەبىدىن كۆيۈپ كەتسە ئۇنى ھەتتا ئەۋلىيامۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ.HDD Life Pro بولسا بىر گەۋدىلىك قاتتىق دېسكا قوغداش قورالى بولۇپ،كۆرۈنمە يۈزى ئاددىي،پاكىز بولۇپلا قالماي،يەنە ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى،كۆپ بۆلەكلىك قاتتىق دېسكىغا كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ،قاتتىق دېسكىنىڭ ساغلاملىق دەرىجىسىدىن مەلۇمات بېرىدۇ.قاتتىق دېسكىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەندە تېخى ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بېرىدۇ.

### 1.چۈشۈرۈش ۋە كۆرۈنمە يۈز بىلەن تونۇشۇش

HDD Life Pro نى تۆۋەندىكى ئادرېستىن چۈشۈرەلەيسىز،ئەلۋەتتە Google ياكى Baidu قاتارلىقلاردىن HDD Life Pro  ئاچقۇچلۇق سۆزى ئارقىلىق ئىزدەپ چۈشۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ.(كۇلۇبىمىز ھازىر بۇ دېتالنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇۋاتىدۇ.پات يېقىندا ئاستىدىكى ئارېستىن ئۇيغۇرچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ تىللىق نۇسخىسىنى چۈشۈرۈۋالالايسىز.)

چۈشۈرۈش ئادرېسى:http://www.xjprgfan.com/soft/hddlife.rar

بۇ ئادرېستا تەمىنلەنگىنى HDD Life Pro نىڭ خەنزۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ تىللىق يېشىل نەشرى بولۇپ،چۈشۈرگەندىن كېيىن پىرېستىن يېشىپلا ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.ئەگەر ھەر قېتىم Windows قوزغالغاندا بۇ دېتالمۇ تەڭ قوزغىلىپ قاتتىق دېسكىڭىزنى ئاسرىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز Licenece.reg ناملىق تىزىملاش جەدۋىلى ھۆججىتىنى ئىجرا قىلىپ تىزىملاش جەدۋىلىگە بۇ ئۇچۇرلارنى يازدۇرىۋەتسىڭىزلا بولىدۇ.بۇنداق بولغاندا ھەر قېتىم Windows قوزغالغاندا بۇ دېتال ئاپتوماتىك قوزغىلىپ ئېكراننىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستى بۇرجىكىدىكى «قوندۇرما تەخسە»(托盘) دە

مەزكۇر دېتال قاتتىق دىسكىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك قاتلىمىنى تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ چىققانلىقتىن RIAD,SCSI دىسكا قاتارلىرىنى ناھايىتى ياخشى قوللايدۇ.شۇڭا ئۇ Server مۇلازىمېتىر سۈپىسىدىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان قورال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.




پرىستىن يېشىلگەن مۇندەرىجىدىكى HDD Life Pro سىنبەلگىسىنى قوش چەكسەكلا بۇ دېتالنىڭ كۆرۈنمە يۈزىنى كۆرگىلى بولىدۇ.تونۇشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن دېتال كۆرۈنمە يۈزىنى 5 بۆلەككە بۆلۈۋېلىپ تۇرۇپ سۆزلەيلى.

1-بۆلەكتە،پروگرامما ئىجرا بولغاندىن كېيىن قاتتىق دىسكىنىڭ كونكېرت تىپى،سىغىمى ۋە قاتتىق دىسكىنىڭ نۆۋەتتىكى تېمپىراتۇرىسى قاتارلىق ئۇچۇرلار كۆرسىتىلىدۇ.ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى،بۇ دېتال يۇقارقى ئۇچۇرلاردىن باشقا قاتتىق

固化程序) نى بىۋاسىتە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق قاتتىق دىسكىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتىنى ھېسابلاپ ئاخىرىدا سائەت بويىچە كۆرسىتىدۇ.

2-بۆلەكتە كۆرستىلگىنى بولسا،قاتتىق دىسكىنىڭ نۆۋەتتىكى ساغلاملىق ھالىتى ۋە ئىقتىدار ھالىتى.ئاستىدا كۆرسەتكىنى قاتتىق دىسكىنى ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرگەن ۋاقتىدۇر.

كۆرگەنسىز،3-بۆلەكتىكى ئاۋۇ ئىقتىدار نورمال ئەمەستەك قىلىدۇ.بۇ ئىقتىدار ئارقىلىق قاتتىق دىسكىنىڭ ئىشلىتىلىش ئىقتىدارىنى تەكشىگىلى بولىدۇ.بىراق قاتتىق دىسكىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر قېتىمدا بەك چوڭ تەكشۈرۈش تەكلىپىنى بېرىمەن.ئەپسۇس،مېنىڭ قاتتىق دىسكام ئارقىمۇ-ئارقا ئۇلانغان (串口)ئېغىزلىق بولغاچ،بۇ ئىقتىدار كۆلەرەڭ ھالەتتە تەكشىگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

4-بۆلەك بولسا HDD Life Pro نىڭ قاتتىق دىسكىغا بولغان سىناش نەتىجە دوكلاتىدۇر.


5-بۆلەك قاتتىق دىسكا ھەر قايسى رايونلىرىنىڭ بوشلۇق ئىشلىتىش ئۈچۈرى.ئۇ رايون نامى،رايون فورماتى،بۆلۈنگەن رايون چوڭلۇقى ۋە بۇ رايوندا ئاشقان بوشلۇق قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ.

## 2.ئىشلىتىش

بىز يۇقىرىدا HDD Life Pro نىڭ ئاساسلىق كۆرۈنمە يۈزى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق.ئەمدى ئاساسىي تىزىملىكنى كۆرۈپ باقايلى.بۇ يەردە بىز تېخى بايقىمىغان خېلى ئىقتىدارلار بار.


ئاۋۋال «ھۆججەت» (文件) تىزىملىكنى كۆرۈپ باقايلى،ئۈستىدىن ئاستىغا 1-تۈر «قاتتىق دىسكىنى ھازىر تەكشۈرۈش»(现在检查硬盘驱动器) بۇيرۇقى بولۇپ،مائۇس بىلەن بىر چەكسەك ناھايىتى تېزلا نەتىجىسىنى كۆرەلەيمىز.2-تۈر «دوكلاتنى ساقلاش»(保存报告) بۇيرۇقى بولۇپ،ئۇنىڭ ئارقىلىق قاتتىق دىسكىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ھۆججەتكە ساقلاپ قويغىلى بولىدۇ.ساقلانغان ھۆججەتنىڭ كېڭەيتىلگەن نامى log بولۇپ،خاتىرە دەپتەر بىلەن بۇ ھۆججەتنى ئېچىپ كۆرۈپ باقساق،ئاستىدىن سانىغاندا 3-قۇردا نۆۋەتتىكى تەكشۈرۈلگەن

ئۇنىڭ ئاستىدىكى 3-تۈر «تۈر تاللانمىسى»(选项) بولۇپ،بۇ بىر قەدەر مۇھىم ھېسابلىنىدۇ.بۇ تىزىملىكنى بىر چەككەندىن كېيىن «پارامېتر » (参数) نامىدىكى بىر دىئالوگ رامكىسى چىقىدۇ.




«دائىمىي تەرتىپ»(常规) نىڭ ئاستىدا «قوزغالغاندا HDD Life نى ئاپتوماتىك يۈكلەش»(启动时自动加载HDD Life ) نى تاللاپ قويۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ،ئۇ سىستېما بايلىقنى ھېچقانچە ئىگىلەپ كەتمەيدۇ.«قاتتىق دىسكا ھاياتلىق ھالىتىنى تەكشۈرۈش ۋاقىت ئارىلىقى» (检测硬盘驱动器生命状态时间间隔) ئۆزىمىز خالىغانچە تەڭشىۋالساق بولىدۇ.مەسىلەن،بىر سائەت دېگەندەك.


«تور تاللانمىسى»(选项) دىكى «قاتتىق دىسكا تېمپېراتۇرىسى» (硬盘温度) نى چېكىش ئارقىلىق،قاتتىق دىسكا تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش ۋاقتىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ.ئەگەر قاتتىق دىسكا تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كەتكەندە توختىماي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشىدىن بىزار بولسىڭىز تەكشۈرۈش ۋاقتىنى ئۇزۇنراق قىلىپ تەڭشىسىڭىز بولىدۇ،بىراق ئەڭ ياخشىسى يېرىم سائەتتىن ئېشىپ كەتمىسۇن.قاتتىق دىسكىنىڭ تېمپېراتۇرا بىرلىكىنى يەنىلا سېلسىيە گرادۇس بىلەن ئىپادىلىسەك ئوبرازلىق بولىدۇ،ئەلۋەتتە يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشى بويىچە تاللىغىنىڭىز ياخشى.




«دىسكىدىكى ئىشلىتىلىشكە بولىدىغان بوشلۇق» (磁盘可用空间) نىڭ تەكشۈرۈش Windows XP نىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ،بىز ئۇنى ئۆزگەرتىپ يۈرمەي شۇ پېتى قويۇپ قويساق بولۇۋېرىدۇ.

نورمال ھالەتتە،مائۇسنى سىستېما قوندۇرما تەخسىسىدىكى HDD Life Pro نىڭ سىنبەلگىسىگە ئەكەلگەندە،پەقەت قاتتىق دىسكىنىڭ ساغلاملىق ھالىتى،ئىقتىدار ھالىتى ۋە تېمپېراتۇرا ھالىتى كۆرۈنىدۇ.شۇڭلاشقا،«كۆرۈش سەزگۈسى» (视觉) دىكى،«قوندۇرما تەخسىدە كۆرۈنۈش» (托盘显示) دا باشقىچە كۆرۈنۈش ئۆزگەرتمىسى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.لېكىن يەنىلا ئۆزگەرتمەي شۇ پېتى قويۇش تەكلىپىنى بېرىمەن.

ئەمدى «ئاگاھلاندۇرۇش» (警告) تۈر تاللانمىسىنى كۆرۈپ باقايلى،«تۈر» (类型) دا تور ئارقىلىق HDD Life Pro نىڭ قاتتىق دىسكىغا بولغان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى تەڭشىگىلى بولىدىغان بولۇپ،تورغا ئۇلانمىغان كومپيۇتېرنى تەڭشىسىڭىزمۇ،ئۆزىڭىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى تەڭشىسىڭىزمۇ بولىدۇ.بۇنداق بولغاندا مۇلازىمېتىر قاتتىق دىسكىسىنىڭ ساغلاملىق ھالىتىنى يىراق مۇساپىدىن نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ،بۇ نۇقتىنىڭ تور باشقۇرغۇچىلارغا ئالاھىدە ياردىمى بار.تەڭشەش تاماملانغاندىن كېيىن،ياندىكى ئاۋۇ كونۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق ئېلخەتنى غەلىبىلىك يوللىغىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى سىنىغىلى بولىدۇ.




«ئاۋاز قويۇش»(播放声音) دا ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ناخشا-مۇزىكىلارنى تەڭشىۋالساق بولىدۇ،چۈنكى بۇ دېتالنىڭ ئۆزىدىكى مۇزىكىلار بىر ئاز ئادەمنى بىزار قىلىدۇ،شۇڭا پەقەت تاللىغان ئاۋاز ھۆججىتىنىڭ شەكلىنىڭ WAV شەكلىدە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلساقلا تاللاپ بەرسەك بولىدۇ.ياكى بولمىسا مەخسۇس ئايلاندۇرۇش قوراللىرى ئارقىلىق ئايلاندۇرۇپ ئاندىن تاللاپ بەرسەكمۇ بولىدۇ.قالايمىقان تاللاشتىن سىستېما بايلىقىنىڭ ئىسراپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

دا (切换关闭计算机方式

ئۆز قىممىتى «ئۆلچەملىك» نى تاللىساقلا بولىدۇ؛«ئاگاھلاندۇرۇش» (警告) دىكى «تەڭشەش» (设定) تۈرىدە بولسا،تور ياكى ئېلخەت ئارقىلىق قاتتىق دىسكىنى كۆزىتىشنى تەڭشىگەن ۋاقتىمىزدا چوقۇم مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى قوزغىتىشىمىز كېرەك،بولمىسا HDD Life Pro ئېلخەتنى ئاپتوماتىك ئەۋەتمەيدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ئېيتىپ قالغىنى «ئۇسلۇب» (皮肤) تەڭشىكى،HDD Life Pro بىزگە 3 خىل قاتتىق دىسكا سىنبەلگىسى تەمىنلىگەن بولۇپ،بۇ سىنبەلگىلەر «كومپيۇتېرىم»(我的电脑) دا كۆرۈنگەن قاتتىق دىسكا سىنبەلگىسىدۇر.ئەلۋەتتە بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ياقتۇرىشىمىزغا ئاساسەن تاللىۋالساق بولىدۇ.مەسىلەن،«Macstyle» نى تاللىساق،سول تەرەپتىكى 4 خىل ھالەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇنۇلارنى بىلدۈرىدۇ:1.قاتتىق دىسكا ئۇچۇرلىرى ياخشى،سىغىمىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىشلىتىلگەن؛2.قاتتىق دىسكا ئۇچۇرلىرى ھەر ھالدا ياخشى،لېكىن مەسىلە چىقىش ئېھتىماللىقى بار؛3.قاتتىق دىسكا ئۇچۇرلىرى ۋە ساغلاملىق ھالىتى بىر قەدەر كۆڭۈلدىكىدەك؛4.قاتتىق دىسكا قىرىغان ياكى بۇ جايدا كاشىلا بار.



HDD Life Pro نى تونۇشتۇرۇشىمىز مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.كۆپچىلىكنىڭ بۇ ماقالىدە تونۇشتۇرۇلغان بۇ يۇمشاق دېتال ئارقىلىق قاتتىق دىسكىسىنى ياخشى ئاسراپ كومپيۇتېر ئىشلەتكەن ھەر بىر كۆڭۈلدە خاتىرجەم ئىشلىتىشىنى ۋە قاتتىق دىسكىسىنىڭ ئۆزۈنغا چىدىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پەقەتلا ئۈچ قەدەم كېتىدۇ

## ئاپتور: مەردان (بىلگىيار)   QQ: 149178480

مەشغۇلات سىستېمىسىنى گوستلاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تىلغا ئالغىنىمىزدا كۆپچىلىك ئەلۋەتتە بۇرۇنقى كونا ئۇسۇللارنى ئەسكە ئالىدۇ ،مەن بۇيەردە توختىلىپ ئۆتىدىغىنىم بۇرۇنقى كونا ئۇسۇللاردىن كۆپ ئاسان بولغان ،ھەتتاكى تورداپاراڭلىشىشتىنمۇ ئاددىي دەپ ئويلاشقا بولىدىغان سىستېما ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى قورال «Ghost Easy» نى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ قورال ئارقىلىق پەقەت ئۈچ قەدەم بىلەنلا مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

1-قەدەم : مەشغۇلات سىستېمىسىنى گوستلاش ھۆججىتىنىڭ ساقلاش ئورنىنى تەڭشەش
.

«Easy Ghost» بولسا بىۋاستە windows مەشغۇلات مۇھىتىدا ئىشلەيدىغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قورالى بولۇپ بۇرۇنقى«Ghost» مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قورالىغا ئوخشاش DOS مۇھىتىدا قارا ئېكراندا مەشغۇلات قىلىشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتتى. بۇ قورالنى ئىشلىتىشتە سىز پەقەت مەشغۇلات سىستېمىسىنى گوستلانغان ھۆججەتنىڭ ساقلاش ئورنىدا تەڭشەش ئېلىپ بارسىڭىزلا ئاندىن «گوستلاش» ۋە «ئەسلىگە كەلتۈرۈش»تىن ئىبارەت بۇ ئىككى جەرياننى بېسىپ ئۆتۈپ ئۆزىڭىز ئويلىغان سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە گوستلاش مەقسىتىگە يېتەلەيسىز .

مەشغۇلات سىستېمىسى گوستلىغان ھۆججىتىنىڭ ئورنىنى تەڭشەش ئۇسۇلى مۇشۇ خىلدىكى باشقا قوراللاردىن پەرقلىنىدۇ،ئالدى بىلەن بىز «Easy Ghost» نىڭ توردىن چۈشۈرگەن ھۆججىتىنى مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغان قاتتىق دىسكا رايونىدىن باشقا خالىغان قاتتىق دىسكا رايونىغا يېشىۋالىمىز،يېشىۋېلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدىن «profile.ini» نامىلىق ھۆججەتنى خاتىرە دەپتەر

«1:3\c_back.gho» نى كۆرەلەيمىز ، بۇ مەشغۇلات سىستېما قاتتىق دىسكا رايونى (ئادەتتە C قاتتىق دىسكا رايونى) نى 1- قاتتىق دىسكىنىڭ 3- رايونىغا گوستلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بىز بۇ ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كېيىن ،ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن سىستېما قاچىلانغان قاتتىق دىسكا رايونىدىن باشقا خالىغان قاتتىق دىسكا رايونىنى مەشغۇلات سىستېمىسىنى گوستلايدىغان ھۆججەتنىڭ ئورنى قىلىپ تەڭشەشكە بولىدۇ .

مەسلەن :«F» قاتتىق دىسكا رايونىدا يېتەرلىك بوشلۇق بار دەپ قارىساق ، بىز بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىنى «1:4\c_back.gho» قىلىپ ئۆزگەرتىمىز شۇنداق قىلىپ بىز بۇ قورال ئىشلىتىشتىكى 1- قەدەمنى بېسىپ ئۆتۈپ بولدۇق ، بۇ پۈتۈن قورالنى ئىشلىتىش يولىدىكى ئەڭ قىيىن قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

2- قەدەم : ئۆزىمىز ياقتۇرغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى يادلىۋېلىش جەريانى

مەشغۇلات سىستېمىسىنى گوستلىغان ھۆججەتنىڭ ئورنىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن «Easy Ghost» مۇندەرىجە ئاستىدىكى «backup.bat» ھۆججىتىنى قوزغىتىمىز.بۇ چاغدا كومپيۇتېر قايتا قوزغىلىدۇ ھەمدە كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنى تاللاش كۆزنىكىگە كىرىدۇ ، بۇ يەردە بىز «进入DOS并自动备份C盘» دېگەن تۈرنىڭ قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز، كونۇپكا تاختىسىدىكى يۆنىلىش كونۇپكىسى ئارقىلىق بۇ تۈرنى تاللايمىز ، بۇنىڭ بىلەن كومپيۇتېرDOS مۇھىتىغا كىرىپ مەشغۇلات سىستېمىسىنى يادلاشقا باشلايدۇ ، بۇ جەريان پۈتۈنلەي ئاپتوماتىك بولىدۇ، ئاندىن يۇمشاق دېتال ئاپتوماتىك ھالدا «Ghost» قورالى ئارقىلىق c قاتتىق دىسكا رايونىنى گوستلاشقا باشلايدۇ ھەمدە يادلاش ۋاقتى ، قالغان ۋاقىت ،قانچە پىرسەنت بولغانلىقى ،يادلاش تېزلىكى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىدۇ ، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن مەشغۇلات سىستېمىسىنى گوستلاش تاماملىنىدۇ ، بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىز بېكىتكەن ئورۇندا كېڭەيتىلگەن نامى gho بولغان يادلانغان ھۆججەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى كۆرىسىز .

3- قەدەم مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

سىستېما گوستلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئىشلىتىۋاتقان مەشغۇلات سىستېمىدا خاتالىق كۆرۈلسە ياكى ئۆزىڭىزگە سىستېما ئاستىلاپ كەتكەندەك بىلىنگەن چاغدا پەقەتلا «Easy Ghost» مۇندەرىجە ئاستىدىكى «Goback.bat» ناملىق ھۆججەتنى قوزغاتسىڭىزلا سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيسىز ، بۇ ھۆججەت قوزغىتىلغاندىن كېيىن كومپيۇتېر قايتا قوزغىلىش بىلەن بىللە سىستېما تاللاش كۆزنىكىدە «进入DOS并自动恢复C盘» دېگەن تۈرنى تاللايمىز.بۇ چاغدا

DOS مۇھىتىدا سىستېما ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىنى ئىلىپ باردۇ، Ghost قورالى ئاپتوماتىك ئىشلىنىپ بۇ باسقۇچ ئىنتايىن تېزلا يۈرگۈزىلىپ بولىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان بىرنەچچە نۇقتا :

1 . ئەگەر سىستېما گوستلاش ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىۋاتقان چاغدا توختاتماقچى بولسىڭىز كومپيۇتېرنى قايتا قوزغىتىۋېتىپ ئاندىن «Easy Ghost» مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى cancel.BAT ھۆججىتىنى يۈرگۈزسىڭىزلا بولىدۇ .

2 .بۇ يۇمشاق دېتال Win2000/XP/2003 نى قوللايدۇ Win9X/ME نى قوللىمايدۇ.

3 .بۇ يۇمشاق دېتال FAT شەكلىدىكى ۋە NTFS شەكلىدىكى قاتتىق دىسكا رايونلىرىنى ئۈنۈملۈك قوللايدۇ.

# BitCometنى ئىشلىتىشتىن ئەپچىل چارىلەر

**تەييارلىغۇچى:نەۋشاد**


## يوشۇرۇن چۈشۈرۈش

ئەگەر سىز ئىشخانىڭىزدا كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ توردىن ماتېريال چۈشۈرگىنىڭىزدە باشقىلارنىڭ سىز چۈشۈرۈۋاتقان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرسىڭىز ~+Alt بۇ ئىككى كونۇپكىنى بىر لەشتۈرۈپ باسسىڭىز ، BT يوشۇرۇن ھالەتتە خىزمەت قىلىدۇ . بۇ ئارقىلىق چۈشۈرۈۋاتقان نەرسىلىرىڭىزنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلىنالايسىز .

## چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن كومپيۇتېرنى ئاپتوماتىك ئۆچۈرۈش

BT نى ئىشلىتىپ سىغىمى بەكلا بولغان ماتېرىياللارنى چۈشۈرگىنىمىزدە ماتېريالنى چۈشۈرۈپ بولۇپ كومپيۇتېرنى ئۆچۈرىۋېتىش ئۈچۈن شۇ ماتېريال چۈشۈپ بولغۇچە قاراپ ئولتۇرىمىز . ئۇنداقتا BT نىڭ كومپيۇتېرنى ئاپتوماتىك

BT نىڭ ئاساسى كۆزنىكىدىكى تاللاش تىن تۈر تاللاش دېگەن تۈرنى ئاچىمىز .ياكى Ctrl+P ئىككى كونۇپكىنى بىرلەشتۈرۈپ باسساقمۇ بولىدۇ . تۆۋەندىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ . بۇ كۆزنەكتىن ۋەزىپىنى بەلگىلەش ناملىق تاللاش تۈرنى تاللىساق ئۇلۇڭ تەرەپتىكى رايوندا نۇرغۇن تاللاش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ شۇ يەردىن تۆۋەنتىكى ۋەزىپە تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن كومپيۇتېرنى ئاپتوماتىك ئۆچۈرۈش دېگەن تۈرنى تاللىۋەسەكلا بولىدۇ .





ئۇنىڭدىن باشقا NetAnts، FlashGet قاتارلىق چۈشۈرۈش دېتاللىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئىقتىدار سەپلەنگەن .

## چۈشۈرۈلمەلەرنىڭ ساقلاش ئورنىنى چوڭقايتىش

BT دىن پايدىلىنىپ چۈشۈرگەن ماتېرىياللار ئادەتتە خېلىلا چوڭ بولىدۇ. بۇ دېتال ئادەتتە چۈشۈرگەن ماتېرىياللارنى C:Program


FilesBitCometDownloads گە ساقلايدۇ . ئادەتتە C رايون سىستېما قاچىلىنىدىغان رايون بولغاچقا يۇمشاق دېتاللار ئاساسەن مۇشۇ رايونغا قاچىلىنىدۇ . ئەگەر بىز BT بىلەن چۈشۈرگەن ماتېرىياللارنى يەنىلا C رايونغا ساقلىساق سىغىم يېتىشمەسلىكتەك ئەھۋال كۆرۈلۈپ سىستېمىنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشۈرۈلمىلەرنى ساقلاش ئورنىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىۋېتىش زۆرۈردۇر. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە :

BT نىڭ ئاساسى كۆزنىكىدىكى تور تاللاش تىن تور تاللاش دېگەن تۈرنى ئاچىمىز، بۇ كۆزنەكتىن ۋەزىپىنى بەلگىلەش ناملىق تاللاش تۈرنى تاللىساق ئوڭ تەرەپتىكى رايوندا يەنە بىر قىسىم تاللاش تۈرى كۆرۈنىدۇ ، بۇ يەردىن چۈشۈرۈشنى باشقۇرۇش دېگەن تۈرنى ئاچساق رەسىمدىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ شۇيەردىن ئۆزىمىز خالاپ ماتېرىيال چۈشۈرۈش ئورنىنى بېكىتىپ قويساقلا بولىدۇ .



## BT نىڭ سىستېمىنىڭ بۆزغۈنچىسى بولۇشىغا يول قويماسلىق

BT نى قوزغاتقان ۋاقتىڭىزدا كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سۈرئىتىنىڭ قۇلۇلــدەك ئاستىلاپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلسىز ،بولۇپمۇ بۇرۇنقى كونا ماشىنىلاردا بــۇنى ھــېس قىلىش خېلىلا ئاسان ،بۇ BT نىڭ ماشىنا بايلىق مەنبەسىنى كــۆپلەپ ئىگىلىۋالغــانلىقتىن بولىدۇ .شۇڭلاشقا BT نى باشقىچە تەڭشەپ ئىشلىتىش زۆرۈردۇر. بۇنى تەڭشەشنىڭ ئۇســۇلى تۆۋەنــدىكىچە : ئاساسىي كــۆزنەكتىكى تــاللاش ← تــۆر تــاللاش دىگەن تۆرنى ئاچىمىز، بۇ كۆزنەكتىن تور ئۇلىنىشى (网络连接) دىگەن تــۆرنى تاللــــساق تۆۋەندىكــــدەك كـــۆزنەك چىقــــدۇ.شـــۇنىڭدىكى پـــارامېتىرلارنى رەسىمدىكىدەك تەڭشەپ چىقساقلا بولىدۇ .



# ئۈنگدىن-بۈنگدىن

## BIOS ئاگاھلاندۇرۇش ئاۋازلىرى

**تەييارلىغۇچى:مايور**

بەزى ۋاقىتلاردا كومپيۇتېرىمىز نورمال قوزغالالمايدۇ ، كومپيۇتېرىمىزنىڭ باش ئاپپارات ساندۇقىدىن قۇچقاچتەك سايرىغان ئوماققىنە ئاۋازلار ئاڭلىنىپ كېتىدۇ . بۇ ئاۋازلار كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سىزگە << خوجايىن ! مېنىڭ پالانى ئەزايىم كېسەل بولدى ، شۇڭا مەن ھاجىتىڭىزدىن نورمال چىقالمايدىغان بولدۇم>> دېگەنلىكىدۇر. ئۇنداقتا كومپيۇتېرىمىزنىڭ زادى قايسى ئەزايىغا كېسەل تەگكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز ؟ ئادەتتە BIOS تىن مۇشۇنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان ئاۋاز چىقىپ تۇرىدۇ (ماشىنا ھەر قېتىم قوزغالغان 5 سېكۇنت ئىچىدە بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايسىز .) بۇ ئاۋاز ئۇزۇن سايرىغان تــــــــــــــت قىلغان ئاۋاز بىلەن ، قىسقا سايرىغان تىت قىلغان 2 خىل ئاۋازدىن تەركىب تاپىدۇ .مەسىلەن : تـــــــــت تـــــــــت تىت (ئۇزۇن ، ئۇزۇن ، قىسقا) .... دېگەندەك .

نۆۋەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان BIOS لاردىن AMI،AWARDھەمPOENIX دىن ئىبارەت 3 خىلى بار . بۇنىڭ ئىچىدە POENIX نى AWARD سېتىۋالغان بولسىمۇ ، نۇرغۇنلىغان داڭلىق ماركىلىق كومپيۇتېردا سەپلەنگەن بولىدۇ . شۇڭا تۆۋەندە بۇنىمۇ مىسال قىلىشنى توغرا تاپتىم . بۇ ئۇچىسىدىن سىرت بەزى كومپيۇتېرلارغا ئالاھىدە BIOS لار سەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن ، كۆپ سانلىق كومپيۇتېرلارنى كۆزدە تۇتۇپ

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

**AWARD BIOS نىڭ ئاۋازى تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:**

**تىت(قىسقا):**

سىستېما نورمال قوزغالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ ، بىز ھەركۈنى ئاڭلاپ تۇرىمىز .

**تىت تىت (قىسقا،قىسقا):**

ئادەتتىكى خاتالىق ، ئېغىر ئەمەس ، CMOS Setup نىڭ ئىچىگە كىرىپ خاتا تاللىنىپ قالغان يەرلەرنى توغرا تاللاپ قويسىڭىز بولىدۇ .

**تـــــــــت تىت (ئۇزۇن ، قىسقا):**

RAM ياكى ئاساسىي تاختىنىڭ خاتالىقى ، ئىچكى ساقلىغۇچنى ئالماشتۇرۇپ سىناپ كۆرۈڭ ، ناۋادا يەنىلا ئوخشاش بولسا ، ئاساسىي تاختىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

**تـــــــــت تىت تىت (ئۇزۇن ،قىسقا ، قىسقا):**

كۆرسەتكۈچ(ئېكران) ياكى كۆرسۈتۈش كارتىسىنىڭ خاتالىقى .

**تـــــــــت تىت تىت تىت (ئۇزۇن ، قىسقا ، قىسقا ، قىسقا):**

ئاساسىي تاختىدىكى كونۇپكا تاختىسى كونتروللىغۇچىسىنىڭ خاتالىقى ، ئاساسىي تاختىنى تەكشۈرۈش كېرەك .

**تـــــــــت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت (1 ئۇزۇن 9 قىسقا ئاۋاز) :**

ئاساسىي تاختىدىكى Flash RAM خاتالىقى ياكى EPROM خاتالىقى بولۇپ ، BIOS نىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ئاساسىي تاختىدىكى Flash RAM پارچىسىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك .

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

ئۈزۈلمەي بىرخىل ئاۋاز چىقىش (تــــــــــــــــــــــــــــــــــــــــــــــــت) :

ئىچكى ساقلىغۇچ ياخشى سېلىنمىغان ياكى بۇزۇلغان . ئاساسىي تاختىدىكى ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ ئورنىنى چىقىرىۋېتىپ سىناپ كۆرۈڭ ، يەنىلا ئوخشاش بولسا ، يېڭى ئىچكى ساقلىغۇچقا ئالماشتۇرۇشتىن باشقا چارە يوق .

توختىماي ئاۋاز چىقىرىش (تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت .....) :

توك مەنبەسى بىلەن كۆرسەتكۈچ ئېكراننىڭ كۆرسىتىش كارتىسىغا ئۇلانمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئۇلىنىش ئېغىزلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ .

قايتا-قايتا ئاۋاز چىقىرىش :

توك مەنبەسىدە كاشىلا كۆرۈلگەنلىكتۇر .

ئاۋازمۇ يوق ، كۆرۈنۈشمۇ يوق :

يەنىلا توك مەنبەسىدىكى كاشىلا .

AMI BIOS نىڭ ئاۋازى تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

تىت(1 قىسقا ئاۋاز) :

ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ يېڭىلىنىشىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . يەنى ئەھۋال بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ ، بەلكىم ئىچكى ساقلىغۇچنى قايتا ئالماشتۇرمىسا بولماسلىقى مۇمكىن .

تىت تىت(2 قىسقا ئاۋاز):

ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ تاق جۈپلۈك تەكشۈرىشىدىن چىققان خاتالىق . CMOS قا كىرىپ ، ئىچكى ساقلىغۇچنىڭ Parity تاق جۈپلۈك تەكشۈرۈش تاللانمىسىنىڭ ئېتىۋېتىڭ ، يەنى Disabled تەڭشەڭ. ئەمما ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇ ئىقتىدارلارنىڭ كومپيۇتېرنىڭ مۇقىم ئىشلەپ بېرىشىگە پايدىسى زور.

تىت تىت تىت (3 قىسقا ئاۋاز) :

سىستېما ئاساسلىق ئىچكى ساقلىغۇچنى تەكشۈرۈشتە مەسىلە بارلىقنى بىلدۈرىدۇ ، ئىككى ساقلىغۇچنى ئالماشتۇرۇش كېرەك .

تىت تىت تىت تىت (4قىسقا ئاۋاز) :

سىستېما سائىتىدىن چاتاق چىققانلىقنى بىلدۈرىدۇ ، شۇڭا ئاساسىي تاختىنى رېمونت قىلدۇرۇش كېرەك ياكى ئالماشتۇرۇش كېرەك.

تىت تىت تىت تىت تىت(5 قىسقا ئاۋاز) :

مەركىزى بىرتەرەپ قىلغۇچتا مەسىلە بار دېگەن گەپ. لېكىن بۇ ئاگاھلاندۇرۇش بىرتەرەپ قىلغۇچ ياخشى سىلىنمىسمۇ چىقىدۇ ياكى بىرتەرەپ قىلغۇچ ئېغىزىدا مەسىلە بولسىمۇ چىقىدۇ . شۇڭا مەركىزى بىرتەرەپ قىلغۇچنى باشقا كومپيۇتېرلارغا سالسىڭىز نورمال بولسا ئۇھالدا مەسىلە چوقۇم ئاساسىي تاختىدا بولغان بولىدۇ ، ئەكسىچە بولسا بىرتەرەپ قىلغۇچنى ئالماشتۇرۇش كېرەك.

تىت تىت تىت تىت تىت تىت (6 قىسقا ئاۋاز):

كونۇپكا تاختىسىنىڭ خاتالىقى . ناۋادا كونۇپكا تاختىسى سىلىنمىغان ئۇلىغۇچى سىلىنمىغان بولسا ، سىلىپ چىقىپ كۆرۈڭ ، يەنىلا ئوخشاش بولسا باشقا كونۇپكا تاختىسىنى سىناپ كۆرۈڭ، ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش بولسا ئاساسىي تاختىدىكى كونۇپكا تاختىسىنى بىرتەرەپ قىلىدىغان ئۆزەكتىن(芯片) مەسىلە چىققان بولىدۇ.

تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت(7قىسقا ئاۋاز):

ئادەتتە ئاساسىي تاختىنىڭ كاشىلىسى بولۇپ ، قوغدىنىش ھالىتىگە ئۆتۈش مەغلۇپ بولغانلىقتىن بولىدۇ.

تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت(8قىسقا ئاۋاز) :

كۆرۈنۈش ئۈچۈرىنى ئوقۇپ يېزىشتا مەسىلە كۆرۈلگەنلىكى بولۇپ، ئاساسلىق

تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت(9قىسقا ئاۋاز) :

ROM BIOS تەكشۈرۈش خاتالىقى...

تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت (10قىسقا ئاۋاز) :

ساقلىغۇچنىڭ ئوقۇپ يېزىش خاتالىقى بولۇپ ، ئاساسىي تاختىنى رېمونت قىلدۇرۇش ياكى ئالماشتۇرۇشتىن باشقا چارە يوق .

تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت تىت (11قىسقا ئاۋاز) :

تېز سۈرئەتتە بۇففېرغا ساقلاش خاتالىقى ...

ئاۋازمۇ يوق ، كۆرۈنۈشمۇ يوق :

توك مەنبەسىدىكى كاشىلا .

POENIX BIOS نىڭ ئاۋازلىرى:

1قىسقا : سىستېما نورمال قوزغالغان بولىدۇ.

1قىسقا 1قىسقا 1قىسقا : سىستېما توك قاچىلاش دەسلەپكى باسقۇچىدا خاتالىق كۆرۈلگەن.

1قىسقا 1قىسقا 2قىسقا : ئاساسىي تاختىدىكى خاتالىق.

1قىسقا 1قىسقا 3قىسقا : CMOS ياكى باتارىيەدە چاتاق بار .

1قىسقا 1قىسقا 4قىسقا : ROM BIOS تەكشۈرىشدە خاتالىق بار.

1قىسقا 2قىسقا 1قىسقا : سىستېما سائىتىدە خاتالىق بار.

1قىسقا 2قىسقا 2قىسقا :DMA نىڭ دەسلەپكى قەدىمىدە خاتالىق بار.

1قىسقا 2قىسقا 3قىسقا :DMA بېتىنى ساقلىغۇچىدا خاتالىق بار.

1قىسقا 3قىسقا 1قىسقا :RAM يېڭىلىنىشىدا خاتالىق بار.

1قسىقا 3قىسقا 2قىسقا :ئاساسىي ئېچكى ساقلىغۇچتا مەسىلە بار.

1قسىقا 3قىسقا 3قىسقا :ئاساسىي ئېچكى ساقلىغۇچتا مەسىلە بار.

1قسىقا 4قىسقا 1قىسقا :ئاساسىي ئېچكى ساقلىغۇچ ئادرېس سىزىقىدا مەسىلە بار.

1قسىقا 4قىسقا 2قىسقا :ئاساسىي ئېچكى ساقلىغۇچىدىكى مەسىلە .

1قسىقا 4قىسقا 3قىسقا :EISA ۋاقىت تەرتىپچىسىدە خاتالىق بار.

1قسىقا 4قىسقا 4قىسقا :EISA نىڭ NMI ئېغىزىدىكى خاتالىقى .

2قسىقا 1قىسقا 1قىسقا :ئالدىنقى 64كىلوبايىتلىق ئېچكى ساقلىغۇچتا مەسىلە بار.

3قسىقا 1قىسقا 1قىسقا :DMA ساقلىغۇچىدا مەسىلە بار.

3قسىقا 2قىسقا 4قىسقا :كونۇپكا تاختىسى كونتروللىغۇچىسىدا خاتالىق بار.

3قسىقا 4قىسقا 2قىسقا : كۆرۈنۈش خاتالىقى .

3قسىقا 4قىسقا 3قىسقا : ۋاقىت خاتالىقى.

4قسىقا 2قىسقا 2قىسقا :كومپيۇتېرنى ئۆچۈرۈش خاتالىقى.

4قسىقا 2قىسقا 3قىسقا :A20 ئېغىزىدىكى خاتالىق.

4قسىقا 3قىسقا 1قىسقا :ئېچكى ساقلىغۇچتىكى خاتالىق (ئېغىر).

4قسىقا 4قىسقا 1قىسقا :ئارقىمۇ ئارقا قۇر پورتىدىكى خاتالىق .

4قسىقا 4قىسقا 2قىسقا : يانداش قۇر پورتىدىكى خاتالىق.

قوشۇمچە: POENIX BIOS نى AWARD نىڭ سېتىۋالغان ، شۇنداقتىمۇ يەنە نۇرغۇن كومپيۇتېرلاردا POENIX نىڭ BIOS بولغانلىقتىن ، يەنىلا دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ. ئادەتتە مۇشۇ خاتالىقلارنى بىلىۋالسىڭىزلا ، ئاسانلا كاشىلىنى ھەل قىلالايسىز، ئەڭ مۇھىمى ئورۇنسىز پۇل خەجلەشنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز.

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

# XP دىكى قىزىقارلىق ھادىسىلەر

تەييارلىغۇچى:مايور

1. مەشۇلات سىستېمىسىدا يېڭى مۇندەرىجە قۇرۇشنى بىلىسىزغۇ دەيمەن؟ ھاھاھا ، بۇ نېمە دېگەن ئاسان سوئال ؟ ئۇنداق بولسا كومپيۇتېرىڭىزنىڭ خالىغان ئورنىغا ئىسمى con بولغان مۇندەرىجە قۇرالامسىز ؟ مېنىڭچە قۇرالمايسىز ، سىناپ كۆرۈڭ .

2. ئۈستەل يۈزىگە يېڭىدىن بىر txt ھۆججىتى قۇرۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە خەنزۇچە 联通 دېگەن 2 خەنزۇچە خەتنى يېزىپ ، ساقلاڭ ۋە ئۆچۈرۈۋېتىڭ . ئاندىن يەنە مۇشۇ ھۆججەتنى ئېچىپ كۆرۈڭ . ۋاي نېمە بۇ؟!

3. ئۈستەل يۈزىگە ئىسمى notepad بولغان مۇندەرىجىدىن بىرنى قۇرۇڭ ، ۋە IE نى قوزغىتىپ www.baidu.com غا كىرىڭ ، ئاندىن IE نىڭ 查看 دېگەن تىزىملىكىدىن 源文件 دېگەن تۈرنى تاللاڭ ، ھوي ؟ ھەجەپ تونۇشقۇ؟

4. سىز XP نىڭ ئويۇنلىرىنى ئوينامسىز ؟ ئەگەر ئوينىسىڭىز 纸牌 دېگەن ئويۇننى بىلىسىزغۇ دەيمەن ؟ دەرھال 开始 تىزىملىكىدىن 程序 دېگەن تارماق تىزىكىنىڭ ئىچىدىن 游戏 دېگەن تۈرنى تاللاڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى 纸牌 دېگەن ئويۇننى قوزغىتىڭ . بۇنىڭ ئويناپ ئۇتۇش ئۇچۇن خېلى ۋاقىت كېتىدۇ . لېكىن سىز پەقەت كونۇپكا تاختىسىدىن ALT ، SHIFT ۋە 2 نى باسسىڭىزلا ئۇتىسىز ! ئىشەنمىسىڭىز سىناپ كۆرۈڭ !

5. XP بەك ياخشى نەرسە جۇمۇ، ھېسابلاشتا قىينالسىڭىز دەرھاللا ئۆزىدە بار بولغان ھېسابلىغۇچنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ ، ئەمما 9216 نى 96 گە

开始 تىزىملىكىنىڭ 程序 نىڭ ئىچىدىكى 附件 تۈرىنىڭ ئىچىدىن 计算器 نى قوزغىتىسىز ، ئاندىن 9216 نى كىرگۈزىسىز ، ئاندىن / بەلگىسىنى باسىسىز ، ئاندىن 96 نى كىرگۈزۈپ = بەلگىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ)

6. ئەستا ، نېمىشقا bush hid the facts دېگەن ئېنىگلىزچە خەتنى txt ھۆججەت ئىچىدە يالغۇز يازالمايدىغاندىمەن ؟!(ھېچقانداق بوش ئورۇن ياكى قۇر ئايرىش بەلگىلىرىنى قويمىغان ھالەتتە پەقە مۇشۇ جۈملىنىلا دېمەكچىمەن)

7. يېقىندا مۇنداق مەشغۇلات قىلىپ قالدىم، 开始تىزىملىكىگە مائۇسنىڭ ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ 属性 دېگەن تۈرنى تاللاپ ، چىققان كۆزنەكتىن ، [开始]菜单 دېگەن تاق تاللاش رامكىسىنى تاللىدىم ۋە ئوڭ تەرەپتىكى 自定义 دېگەن كونۇپكىنى بېسىپ 高级 بېتىگە كىردىم ، سىستېما كونۇپكىسىدىن يەنى ئوڭ تەرەپ ئەڭ ئۈستىدىكى ئۆچۈرۈش بەلگىسىنىڭ يېنىدىكى ؟كونۇپكىسىنى باستىم ۋە 清除列表 دېگەن كونۇپكىنىڭ ئۈستىگە مائۇس كونۇپكىسىنى چېكىپ ياردەم ئۆچۈرۈشنى كۆردۈم . ئەستا ، نېمە دېمەكچىدۇ ؟ خەنزۇ يولداشلاردىن سورىسام ئۇلارمۇ ئوقۇپ بېرەلمىدى . بۇزادى نېمە دېمەكچىدۇ؟

قەدىرلىك تورداش ، سىزچە بۇلارنى XP دىكى پروگراممىلارنىڭ بىر BUG (خاتالىقى) دېسەك بولامدۇ ؟ ياخشى ئويلىنىپ كۆرۈڭ ، بەزىلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلگىنىڭىزدە كۈلۈپ كېتىسىز ! بۇ سىرلارنى كېيىنكى سان ژورنالدا ئاشكارلايمەن .

# كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىن تەجرىبىلەر

تەييارلىغۇچى: سەزگۈر

## Windows ھېسابلىغۇچىدىن ئەپچىل پايدىلىنىش

Windows نىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھېسابلىغۇچ بولسا ناھايىتى قوللىنىشچان بىر كىچىك قورال بولۇپ،بىز ئۇنىڭ ئارقىلىق ئادەتتىكى ھېسابلىغۇچنىڭ دائىملىق ئىقتىدارلىرىنى ئىشلىتەلىگەندىن تاشقىرى يەنە ئىلمىي ھېسابلاشلارنى ئېلىپ بارالايمىز. ئادەتتە بىز كۆپرەك قەدەم-باسقۇچلار ئارقىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بارغىنىمىزدا،مەسىلەن: 5+49+240+50ـ44+56 نى ھېسابلىماقچى بولساق ئادەتتىكى ھېسابلىغۇچلاردا نۆۋەت بويىچە ئاۋۋال 5 كە 49 نى ئاندىن 240 نى ئاندىن يەنە 50 نى قوشۇپ.......مۇشۇنداق قايتا-قايتا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.لېكىن Windows نىڭ ھېسابلىغۇچىنى ئىشلەتسىڭىز «كۆچۈرۈش» (复制) ۋە «چاپلاش» (粘贴) ئىقتىدارىدىن پايدىلانسىڭىزلا كۇپايە.ئالدى بىلەن خالىغان يېزىق تەھرىرلىگۈچ(خاتىرە دەپتەر دېگەندەك)دە ھېسابلىماقچى بولغان ئىپادىنى كىرگۈزىۋالىمىز.مەسىلەن:"=5+49+240+50ـ44+56" دەپ كىرگۈزۈۋېلىپ،ئاندىن تەكشىلىك بەلگىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپادىنى كۆچۈرىۋېلىپ، Windows ھېسابلىغۇچىدا «تەھرىرلەش» (编辑) تىكى«چاپلاش» (粘贴) نى ئىجرا قىلىمىز،بۇ ۋاقىتتا ھېسابلىغۇچ ئاپتوماتىك ھالدا ئاخىرقى نەتىجە 356 نى بىردەمدىلا چىقىرىپ بېرىدۇ.پەقەت 5+49+240+50ـ44+56 نىلا

ئاربلاش ئەمەللەرنى بىجىرمەكچى بولساق كومپيۇتېر پسابلاش ئېلىپ بېرىش قائىدىسىگە ئاساسەن ئەمەللەرنى توغرا ئېپادىلەش كېرەك.مەسىلەن: (8+16+32+64+128+256+512+1024)*2 قىلىپ يېزىلىشى كېرەك.(كۆپەيتىش بەلگىسىگە دىققەت قىلىڭ.)نەتىجە——4080 بولدى.




## Windows XP دىن ماھارەتلەر

تەييارلىغۇچى:سەزگۈر

### 1.Windows كونۇپكىسىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش

كونۇپكا تاختىسىدىكى Windows كونۇپكىسىنىڭ رولىغا سەل قارىماڭ،ئۇ بىزنىڭ نۇرغۇن ئەمەلىي مەشغۇلاتلارنى بىجىرىشىمىزگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.تەپسىلىي ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈلۈشى تۆۋەندىكىچە:

"Win"كونۇپكىسىنى يالغۇز باسقاندا "باشلاش" (开始)تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ.

Win Key + D:ئېچىلغان بارلىق كۆزنەكلەرنى كىچىكلىتىش ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

Win Key + E:"مەنبە باشقۇرغۇچ"(资源管理器)نى كۆرسىتىش

Win Key + F:"ھۆججەت ئىزدەش كۆزنىكى"(查找文件窗口)نى كۆرسىتىش

Win Key +Ctrl+ F:"كومپيۇتېر ئىزدەش كۆزنىكى"(查找计算机窗口)نى كۆرسىتىش

Win Key + F1:"ياردەم ۋە قوللاش مەركىزى"(帮助及支持中心)نى كۆرسىتىش

Win Key +R:"ئىجرا قىلىش"(运行)دىئالوگ رامكىسىنى كۆرسىتىش

Win Key + Break:"سىستېما خاراكتېرى"(系统属性)دىئالوگ رامكىسىنى كۆرسىتىش

Win Key+Shift+M:بارلىق ئېچىلغان كۆزنەكلەرنى كىچىكلىتىشنى بىكار قىلىش

Win Keel:كومپيۇتېرنى تېز قۇلۇپلاش

Win Keel:"ياردەمچى قورال باشقۇرغۇچ"نى(辅助工具管理器)ئېچىش

## 2.ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان خاتالىق دوكلاتىنى يوقىتىش

Windows Up خاتالىق دوكلات قىلىش ئىقتىدارىنى تەمىنلىگەن بولۇپ،ھەر قېتىم پروگراممىدىن مەسلە چىققاندا،سىستېما ئاپتوماتىك دىئالوگ رامكىسى چىقىرىپ سىزدىن بۇ خاتالىقنى مىكروسوفت شىركىتىگە يوللامسىز ياكى يوللىمامسىز دەپ سورايدۇ،لېكىن بەلكىم سىز بۇ ئىقتىدارنى ئانچە بەك ياقتۇرماسلىقىڭىز مۇمكىن.ئۇنداقتا سىز"كونترول تاختا←ئىقتىدار ۋە ئاسراش←سىستېما"نى ئېچىپ چىققان كۆزنەكتىن"ئالىي دەرىجە"تاللاش كارتىسىنى چېكىپ،ئاندىن "خاتالىق

(控制面板 →性能与维护→系统→高级→错误报告→禁用错误汇报)

### 3."ۋەزىپە باشقۇرغۇچ" (任务管理器)نى چەكلەش

"تىزىملاش جەدۋىلى تەھرىرلىگۈچ"(注册表编辑器)نى ئېچىپ،تۆۋەندىكى تۈرنى تېپىپ،ئوڭ تەرەپتە چىققان كۆزنەكتە ئىسمى Disable taskmgr بولغان Dword قىممىتى قۇرۇپ،قىممىتىنى 1 قىلىپ قويسىڭىزلا ۋەزىپە باشقۇرغۇچنى چەكلىگىلى بولىدۇ.0 قىلىپ تەڭشىسىڭىز قوزغاتقىلى بولىدۇ.

[HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\Current Version\policies]

### 4.Windows Up گە MP3 ئىشلەش،DVD قويۇش ئىقتىدارىنى قوشۇش

Windows Up دە تەمىنلەنگەن Windows Media Player دا MP3 ياساش ئىقتىدارى تەمىنلەنمىگەن،ئۇنىڭدىن باشقا،مىكروسوفتنىڭ دېيىشىچە Windows Up دا DVD قويغىلى بولىسمۇ،ئەمما بىر ھەقسىز قوشۇمچە قورالنى چۈشۈرگەندىلا ئاندىن بۇ ئىقتىدارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.ئەگەر سىز بۇ ئىككى ئىقتىدارغا ئېھتىياجلىق بولسىڭىز،تۆۋەندىكى ئادرېستىن بۇ ئىككى ئىقتىدار قوشۇمچە قورالنى چۈشۈرۈپ قاچىلىسىڭىز بولىدۇ.

www.microsoft.com/windows/windowsmedia/windowsxp/experience.asp

## 5.سىستېمىنى ئاپتوماتىك ۋاقىت توغرىلاتقۇزۇش

Windows Up دا ئاپتوماتىك سىستېما ۋاقىت توغرىلاش ئىقتىدارى قوشۇلغان،سىستېما ئۇلىك تەرەپ ئاستى بۇرجەكتىكى ۋاقىت رايونىنى قوش چەكسىڭىز،"چېسلا ۋە ۋاقىت"(日期和时间)خاراكتېر كۆزنىكىدىن"Internetۋاقتى"(Internet时间 )تاللاش كارتىسىنى تاللايسىز.بۇ يەردە قايسى Internet ۋاقىت مۇلازىمېتىرى بىلەن ماس قەدەممۇ مىڭىشنى تاللىيالايسىز.بۇنداق بولغاندا كومپيۇتېرىڭىز ئىنتېرنېتقا ئۇلانغاندا،سىستېما ئاپتوماتىك تاللانغان ئىنتېرنېت ۋاقىت مۇلازىمېتىرىنىڭ ۋاقتى بىلەن ماس قەدەممۇ ماڭىدۇ-دە،كومپيۇتېرىڭىزنىڭ سائىتى مەڭگۈ توغرىلىقنى ساقلايدۇ.(جۇڭگودا ئاپتوماتىك بېيجىڭ ۋاقىت رايونىنى تاللايدۇ،شۇڭا ئەگەر توغرا ئۇرۇمچى ۋاقتى ئىشلەتمەكچى بولسىڭىز،ئاۋۋال توردىن مۇشۇنداق تەڭشۇېلىپ ئاندىن ئىنتېرنېت ۋاقتى بىلەن ماس قەدەممە مىڭىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،ۋاقتىنى 2 سائەت كېيىن توغرىلىۋالسىڭىز توغرا ئۇرۇمچى ۋاقتى ئىشلىتەلەيسىز.يەنە بىر خىل ئۇسۇل-ئۇرۇمچى ۋاقىت رايونىدىكى باشقا رايونلارنىڭ ۋاقىت مۇلازىمېتىنى تاللاش ئارقىلىقمۇ بۇ مەقسەتكە يېتەلەيسىز)

# تور بىلىملىرى

## ئاسانلا ئۇسۇلدا FLV ھۆججىتىگە ئېرىشىش

تەييارلىغۇچى: سەزگۈر

نۆۋەتتە نۇرغۇن فىلىم تور بېكەتلىرى (مەسىلەن ) فىلىمنىڭ توردا ئېلىش ۋە ساقلاش مۇلازىمىتىنى تەمىنلەۋاتىدۇ.ئەلۋەتتە يەنە ئۆزىمىزدە بار بولغان فىلىم ھۆججەتلىرىنى چىقىرىپ قويساقمۇ بولىدۇ.بۇ بېكەتلەردە،سىز كامېرا ئارقىلىق ئېلىنغان كىنو سەنئەت تالانتىڭىزنى چىقىرىپ باشقا تورداشلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنالايسىز.تور بېكەت توردا سىنىغا ئېلىپ ھاسىل قىلغان فىلىم ھۆججىتى FLV ۋىدېئو چاستوتىسى بولغانلىقتىن،قويغاندا مەخسۇس FLV فىلىمنى قويۇش بېتىنى يۆتكەپ ئىشلىتىدۇ،بۇنداق بولغاندا بىز FLV ھۆججىتىنىڭ ھەقىقىي ئادرېسىنى بىلەلمەيمىز-دە فىلىملەرنى چۈشۈرۈۋېلىشىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ.گەرچە بەزى دوستلار URL ئادرېسىنى پۇراپ تاپقۇچ قاتارلىق يۇمشاق دېتاللار ئارقىلىق FLV ھۆججىتىنىڭ ئەسلى ئادرېسىغا ئېرىشىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن نېمىلا دېمىگەن بىلەن بۇ ئۇسۇل بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ،يېڭىياچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ماس كەلمەيدۇ.بۇ يەردە،بىر خىل ئاددىي ئۇسۇلنى يەنى Video Downlander تور بېكىتى ئارقىلىق تور بەتتە قويۇلۇۋاتقان FLV ھۆججىتىنىڭ ئەسلى ئادرېسىغا ئېرىشىپ چۈشۈرۈش جەريانى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

IE تور كۆرگۈچنى ئېچىپ،ئادرېس ستونىغا تور ئادرېسى http://www.quchao.com/video نى كىرگۈزۈپ Video Downlander تور بېكىتىنىڭ باش بېتىگە كىرىمىز.نۆۋەتتە قويۇلۇۋاتقان FLV فىلىمنىڭ تور ئادرېسىنى كۆچۈرۈۋېلىپ VIdeo Downlander باش بېتىدىكى قۇرۇق يېزىق رامكىسىغا

كونۇپكىسىنى باسىمىز.بۇ (获取地址

ۋاقىتتا،ئەمدى ئادرېس كىرگۈزگەن يېزىق رامكىسى ئاستىدا «ئادرېس تەھلىل




قىلىنىۋاتىدۇ......» (地址分析中......) دېگەندەك خەتلەر كۆرۈنىدۇ،ئازراقلا ساقلاپ

تۇرساق FLV ھۆججىتىنىڭ ئەسلى ئادرېسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.(رەسىم)




دىققەت قىلىسىڭىز شۇنى بايقايسىزكى،FLV ھۆججىتىنىڭ ئاستى تەرىپىدە 3 دانە

سېرىق رەڭلىك ئىقتىدار كونۇپكىسى بار بولۇپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا:«ئادرېسنى

(复制地址)،«فىلمنى چۈشۈرىۋېلىش» (下载视频)،«فىلمنى كۆرۈپ بېقىش» (预览视频) قاتارلىقلاردۇر.

«فىلمنى كۆرۈپ بېقىش» (预览视频) نى چەكسەك،چۈشۈرمەكچى بولغان FLV فىلمنى نۆۋەتتىكى بەتتە كۆرۈپ باققىلى بولىدۇ، «فىلمنى چۈشۈرىۋېلىش» (下载视频) كونۇپكىسنى باسساق بىۋاستە IE تور كۆرگۈچى ئارقىلىق نۆۋەتتىكى فىلمنى چۈشۈرۈپ ساقلىۋالغىلى بولىدۇ.ئەگەر فىلمنىڭ سىغىمى چوڭراق بولسا«ئادرېسنى كۆچۈرىۋېلىش» (复制地址) ئارقىلىق ئادرېسنى كۆچۈرىۋېلىپ،ئاندىن شۇنلىپي 迅雷 ياكى باشقا چۈشۈرۈش قوراللىرى ئارقىلىق چۈشۈرىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

# «بىلىش» تىن سوئال-جاۋابلار

## «بىلىش» سىستېمىسىدىكى ھەل بولغان نادىر سوئال-جاۋابلار

**1-سوئال: ASCIIكودى قايتۇرما قىممەتلەر ئارىسىدا ئارىفمېتىكىلىق ھېساپلاش ئېلىپ بارسا بولامدۇ ؟**

ASCIIكودى چىقىرىش فۇنكسىيىسى ئارقىلىق ئېرىشكەن قايتۇرما قىممەتلەرنى خالىغان پۈتۈن سانغا قوشۇپ ، قوشۇش ئەملى بويىچە نەتىجە چىقىرىشقا بولامدۇ ؟مەن بىر يۇمشاق دېتال تۈزۈپ پۈتتۈرەي دەپ قالدىم ، ئەمگەك مىۋەمنى قوغداش ئۈچۈن ، قاتتىق دىسكىنىڭ فىزىكىلىق تەرتىپ نومۇرىنىڭ ASCII كودى قىممەتلىرىنى مەلۇم ئارىفمېتىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە ، خۇددى سانلار ئارىسىدا

دېمەكچىمەنكى، ASCII كودلىرى سانلىق قىممىتى ئارىسىدا ئارىفمېتىكىلىق ھېساپلاش ئېلىپ بارغاندىكى نەتىجە ھەرپ-بەلگە تىپىدىكى قىممەت بولامدۇ ياكى سانلىق قىممەت تىپىدىكى قىممەت بولامدۇ؟ ASCII كودلىرى سانلىق قىممىتى ئارىسىدا ئارىفمېتىكىلىق ھېساپلاش ئېلىپ بارغاندىكى نەتىجە ئەمەلىيەتتىكى سانلار ئۈستىدە ئەمەل بېجىرىشكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

ھۆرمەت بىلەن : Maripat

جاۋاب: ياخشى سوئال .

تامامەن بولىدۇ . ئادەتتە ascii نومۇرىنى قايتۇرىدىغان فۇنكسىيىلەرنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈن سان ھالەتتىكى قىممەتلەرنى قايتۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ تىپى سان تىپىغا كىرىدۇ . سىز خالىغانچە قوشۇش ، ئېلىش ، كۆپەيتىش ۋە بۆلۈش ئەمەللىرىنى ئىشلىتەلەيسىز . بۇ ئەمەللەرنى ئىشلىتىپ ھېسابلاش ئېلىپ بارغاندىكى نەتىجە ئوخشاشلا سان تىپىغا تەۋە ... مەسىلەن VB دا A دېگەن ھەرپنىڭ ASCII كودىغا 5 نى قوشۇپ 3 كە كۆپەيتسەم ، مەن ئېرىشىدىغان قىممەت ، سان ھالەتتىكى 210 دىن ئىبارەت بولىدۇ ...

جاۋاب بەرگۈچى:mayor

2-سوئال:توربېتىمىزنى بەيدۇ،گوگوگىلىغا قانداق تىزىملىتىمىز؟

جاۋاب : Google غا تىزىملىتىش ئۇسۇلى—ئاۋال تۆۋەندىكى ئادرېسنى ئاچىسىز:

http://www.google.com.cn/intl/zh-CN/add_url.html

كىرگەندىن كېيىن تور بېكەتنىڭ بىر قىسىم ئۇچۇرلىرىنى تولدۇرۇش ئورنى كۆرۈنىدۇ، تور بەت ئادرېسى ئورنىغا ئۆزىڭىزنىڭ بېكەت ئادرېسىنى تولدۇرىسىز، ئاستىدىكى چۈشەندۈرۈش ئورنىغا تور بېكىتىڭىزنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈشلىرىنى يازىسىز، ئاندىن تىزىملىتىش كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىزلا بولىدى.baidu غا تىزىملىتىش ئۇسۇلى:

ئوخشاشلا تۆۋەندىكى ئادرېسنى ئاچىسىز:

http://www.baidu.com/search/url_submit.html

ئاندىن ئاستىغا تور ئادرېسى ۋە تەستىق نومۇرىنى كىرگۈزۈپ جەزملەشتۈرسىڭىزلا بولىدۇ.

جاۋاب بەرگۈچى:tedbirkar

3-سوئال:ھازىر ئۇيغۇر كومپيۇتېرچىلىقى ۋە تور تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلار مەيدانغا كەلدى، جۈملىدىن مەنمۇ بىر ھەۋەسكار. ئازراقلا تور بىلىملىرىدىن خەۋىرى بارلارنىڭ ھەممىسىلا بىردىن مۇنبەر ياكى تور بەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، تور بەتلەرنى تورغا يوللاش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن كېتىدىغىنى تور بوشلۇقى بۇ ھەممىگە ئايان بىر مەسىلە، ئەمما بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بار ئىكەن، يەنى قانداق بوشلۇق ئېلىش مەسىلىسى. سورىماقچى بولغۇنۇم بوشلۇق ئېلىشتا قايسى مەسىلىلەرنى ئالدىن ئويلىشىش، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، ئەڭ مۇھىم بولغان مەسىلە زادى نېمە؟ مۇشۇ ھەقتە ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل قىلىپ بىر ئۇيغۇرچە يازما ماتېرىيال تېپىلارمۇ؟

جاۋاب : ئىنتايىن تەپسىلى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنى تېپىش سەل تەسرەك . ئاز بولسىمۇ مەن جاۋاپ بېرەي:

بوشلۇق سېتىۋېلىشتا ، ئەگەر ياخشىسىنى سېتىۋالىمەن دەيدىكەنسىز ئەڭ ئاۋال بوشلۇقنىڭ سىغىمىغا قارىماي ئۇنىڭ IIS چەكلىمىسى ، CPU نىڭ تەقسىملىنىشى , بوشلۇق تەمىنلىگۈچىنىڭ ئىناۋىتى ، مۇلازىمېتىرنىڭ قاتتىق دىتال شارائىتى ، تور بېتىڭىزنىڭ زىيارەت قىلىش ئوبيېكتىغا ئاساسەن تور مۇلازىمىتى تەمىنلەيدىغان تىلىگىراف لىنىيىسى (تېلېگراف ، ۋاڭتۇڭ، تۆمۈر يول ئالاقىلىشىش دېگەندەك) ، تور سۈرئىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن سېتىۋېلىشىڭىز كېرەك.

IIS نىڭ سانى كىچىكرەك تور بېكەت بولسا 50 بولسىمۇ يېتىدۇ، بىراق سەل ياخشىراق تور بېكەت بولسا ، كۈندىلىك زىيارەت سانى 5000 ئەتراپىدا بولسا 100 دىن ئاز بولسا قەتئى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا تېخىمۇ ياخشى.

ھازىر بوشلۇق ساتقۇچىلارنىڭ IIS چەكلىمىسى يوق دېگەن گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ. ئەگەر ئۇلار راستىنلا IIS قا چەكلىمە قويمىسا ، ئۇ چاغدا مۇلازىمېتىرنىڭ CPU سى كاردىن چىقىدۇ، يەنى شۇنچە كۆپ تور بېكەتلەرنى بىرلا ۋاقىتتا زىيارەت قىلىش بىسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆيۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ بار. ھازىر G1 چوڭلۇقتىكى بوشلۇقلارنى 100 - 200 گىچە ساتىدىغان تور بېكەتلەر ئىنتايىن كۆپ، بىراق بۇ بوشلۇقلار مۇنازىرە مۇنبىرى قويۇشقا ماس كەلمەيدۇ، يەنى بۇ بوشلۇقلار مۇنازىرە مۇنبىرىنىڭ بىسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەگەر تور بېتىڭىزنىڭ كۆرۈلۈشى

يۇقارقىلار مەن تور بەت ئىشلىگەن 3 يىلدىن بىرى ئۆزەم بوشلۇق سىتىۋىلىپ ھەس قىلغانلىرىم ۋە شۇ جەرياندا توردىن خەنزۇچە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بىلگەنلىرىم.

جاۋاب بەرگۈچى:uyghur112

# كومپيۇتېر بىلەن ئۆتكەن ھايات

## قىز بىلەن يىگىتنىڭ QQ جېڭى (بەك دەھشەتلىك)

### تەييارلىغۇچى: تەدبىركار

بىر كۈنى قاراڭغۇ كېچە، سىرتتا بوران گۈركىرەپ چىقىۋاتقاندا، بىر ئوغۇل، بىر قىز، بىر كومپيۇتېر ئالدىدا، مۇنداق ئىش يۈز بەردى.....

—ئاخشام يەنە قايسى قىز بىلەن كامىرادا پاراڭلاشتىڭىز؟@!!~

قىز بەللىرىنى ئېگىپ، قاشلىرىنى ئويناتقىنىچە يەنە بىر تەرەپكە قاراپ تۇرغان يىگىتكە تىكىلدى.

—نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ ....ئاخشام مەن ئېنگلىزتىلى يادلىدىم.

يىگىت ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ تۈپتۈزلا جاۋاپ بەردى.

قىز كامېرانى ئېلىپ تۇرۇپ:

مەن تۈنۈگۈن مېڭىشىنىڭ ئالدىدا كامېرانىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى تۇتۇق قىلىۋېتىپ كەتكەن، بۈگۈن قانداقسىگە ئوچۇق قىلىپ تەڭشىلىپ قالدى بۇ؟ !~

يىگىت چاندۇرۇپ قويغىنىنى سېزىپ دەرھاللا:

ـمەن تۆنۈگۈن كامىراغا قاراپ تـۇرۇپ ئېنگلىـزى تىلىنـى ئۆنلـۆك ئوقۇشـنى شـەكىل چىقىرىپ تۇرۇپ مەشىق قىلدىم، مەن تېخى سىزدىن سـوراي دەپ تـۇراتتىم، سـىزنىڭ QQرەسىملىرى مۇندەرىجىڭىزنىڭ ئىچىدىكى ئۇنچە كۆپ كېلىـشكەن يىگىتلەرنىـڭ رەسىمى قەيەردىن كەلدى؟ !~!@

بىر مەيدان قىزىرىش باشلاندى، ئىككىـلا تەرەپ قانـداق قىلىـشنى بىلەلـمەي تـۇرۇپ قالدى، ئاخىرى ھەر ئىككەيلەن QQ غا قولنى سوزدى.....

قىزنىڭ ئامالى:ئۇنىڭ QQ سىنى تورغا نورمال تىزىملاتماسلىق كېرەك!

بىرقېتىم قىز ئوغۇرلۇقچە يىگىتنىڭ QQ شىفىرىنى كۆرىۋالغانـدى، شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇ يىگىت يوق پۇرسەتتە ئۇنىڭ QQ سـىدىكى قىـز تورداشـلىرىنىڭ ھەممىسنى "قـارا تىزىملىـك"كە سـۆرەپ ئـاپىرىۋەتتى، شـۇنىڭ بىلـەن يىگىـت ئاتـايىتەن يەنە بىـر "ئالاھىدە"نومۇر ئىلتىماس قىلدى، بىراق بۇ نومۇرمـۇ قىزنىـڭ 1-ئامالىـدىن قېچىـپ قۇتۇلالمىدى...

1-ئامـال QQ قاچىلانغـان مۇنـدەرىجىگە كىرىمىـز، C:\Program Files\Tencenet\QQ، بـۇ C رايونىغـا قاچىلانغـان ھـالەت، ئانـدىن سىـز تىزىملىتىشنى چەكلىمەكچى بولغان QQ ، مەسىلەن 123456، بـۇ QQ نىـڭ مۇشـۇ كومپيۇتېردا تىزىملىنىشنى چەكلىمەكچـى بولـسىڭىز، يېڭـىدىن 123456 ئـىسىملىك مۇندەرىجىـدىن بىرنـى قۇرىـسىز، ئەسـلىدىكى ئوخـشاش ئـىسىملىك مۇنـدەرىجىنى ئۆچۈرىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ئاندىن ئاشۇ مۇندەرىجىنىڭ ئۈستىگە ئەكىلىپ ئوڭ كۇنۇپكىنى بېسىپ، خـاراكتېرىنى تاللايـسىز، كـۆزنەكتىن بىخەتەرلىكنـى تاللايـسىز، ئانـدىن ھوقۇقلـۇق ئەزالار تىزىملىكىدىن نۆۋەتتە سېستىمىغا تىزىملىنىپ كىـرگەن ئـابونىتنى تاللايـسىز، ئانـدىن ئاسـتى تەرەپتىكـى ھوقـۇق تـاللاش رامكىـسىدىن پۈتـۈنلەي كـونترول قىلىـشنىڭ ئۇدۇلىدىكى رەت قىلىش رامكىسىغا توغرا بەلگىسى ئۇرۇپ قويىسىز.

(ئـادەتتە qq ھەرقېـتىم ئېچىلغانـدا قـاچىلاش مۇندەرىجىـسى ئىچىـدىكى مـاس مۇندەرىجىدىنى تىزىملىنىش ھـۆججەتلىرىگە نـسبەتەن ئوقـۇش يېـزىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدۇ، ناۋادا بۇ مۇندەرىجىگە بېرىلگەن ھوقۇق ئېلىۋېتىلسە qq تىزىملىنىـشقا ئامالسىز قالىدۇ)

قىز يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى: يېڭى نومۇر ئالالمايسەن ئەمدى~!!

يىگىت ھېلىقى نومۇرى ئىچىدىكى قىز تورداشلىرىدىن ئايرىلغانـدىن كېـيىن، يەنـىلا روھىنى چۈشۈرمىدى، ئۇ قايتا غەيرەتكە كېلىپ يەنە بىر يېڭى qq نومۇر ئېلىپ قـىزلار بىلەن پاراڭلىششنى داۋاملاشـتۇردى، قىـز بۇنىڭغـا چىـدىماي ئىككىنچـى ھۇجـۇمنى باشلىدى: يېڭى نومۇر ئېلىشنى چەكلەش

qqقاچىلانغان مۇندەرىجىنى ئېچىپ ، WizardCtrl.dllھۆججىتىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ياكى بۇ ھۆججەتنى ئۆچۈرىۋېتىش
نۇرغۇن يۇمشاق دېتاللار قوزغىلىشتا ماس بولغان dll ھۆججەتلىرىگە تايىنىدۇ، WizardCtrl.dllھۆججىتىنى بولسا qq نىڭ يېڭى نومۇر ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ھۆججىتى بولۇپ، بۇ ھۆججەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا يېڭى نومۇر ئىلتىماس قىلماقچى بولغاندا qq ئاپتوماتىك ئېتىلىپ كېتىدۇ .

قىزنىڭ يېڭى ھۇجۇمى: قىزلار بىلەن ئەمدى كامىرادا كۆرۈشەلمەيدىغان بولدىڭىز ئامىرىغىم؟ @!

قىز بۇلارنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۆزىنى يىگىتكە تونۇتۇپ قويماقچى بولۇپ، يېڭى ماھارەتلەرنى چىقىرىشقا باشلىدى، قاراڭ ، ئۇنىڭ يادرولۇق قورالى: كامىرالىق پاراڭلىششنى چەكلەش ~!

qqقاچىلانغان مۇندەرىجىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى VideoDevice.dll ھۆججىتىنى ئۆچۈرىۋېتىش ياكى نامىنى ئۆزگەرتىۋېتىش.
VideoDevice.dll(ھۆججىتى بولسا QQ دا پاراڭلاشقاندا كامېرالىق پاراڭلىششنى ئىقتىدارىنى ئاچقاندا ، ئاپتوماتىك ھالدا كامېرانىڭ قوزغىتىش پروگراممىلىرىنى سىستېمىدىن ئىزدەيدىغان ھۆججەت، بۇ ھۆججەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا كامېرا ئىشلىمەيدۇ، ئوخشاش ئۇسۇلدا يەنە AudioDevice.dll ھۆججىتىنى بىر تەرەپ قىلسىڭىز يەنە ئاۋازمۇ ئېتىلىدۇ)

يىگىتنىڭ مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى قايتارما ھۇجۇمى: ھازىردىن باشلاپ ھۆججەت قوبۇل قىلغىنىڭنى كۆرۈپ باقاي…

يىگىت قىزنىڭ ئۆزىگە قول سالغىنىغا چىدىماي قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇ QQ قاچىلانغان مۇندەرىجە ئىچىدىكى QQFileCache مۇندەرىجىسىگە نۆۋەتتە ئەزانىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش مەشغۇلاتىنى رەت قىلىدىغان قىلىپ تەڭشىۋەتتى!!!بۇ بىر قېتىملىق قايتارما ھۇجۇمدىن كېيىن قىز ھۆججەت قوبۇل قىلغاندا خاتالىق ئۇچۇرى چىقىپ، قىز بىر ھازا ئېتىشقاندىن كېيىن ماس مۇندەرىجىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەسلىنى ھەل قىلدى.
QQ(شىركىتىنىڭ خاتالىق ئۇچۇرى خېلى مۇكەممەل بولۇپ، ماس ھالدا قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى ياردەملەرمۇ چىقىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ ئارقىلىق چاتاقلارنى ئوڭشىۋالالايسىز، ئەلۋەتتە ئاقىلانە ئۇسۇل يەنىلا Dll ھۆججىتىگە قول سېلىش، QQFileTransfer.dllھۆججىتىنى ئۆچۈرىۋېتىش ياكى نامىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق ھۆججەت قوبۇل قىلىشنى چەكلىگىلى بولىدۇ، بۇ چاغدا ھۆججەتنى قوبۇللاش

بولسمۇ ھۆججەت ئۆزنتلغاندا ئىزچىل 0 KBتا تۇرىۋالىدۇ، بەك مەخپى....)

**ئاخىرقى جەڭ: ھەر ئىككىلا تەرەپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى ~!**

يىگىت ۋە قىز ھەر ئىككىلىسى بىر بىرىنىڭ QQ سىغا قول سالغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈردى، ھۆججەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىقلا يەنە نورمال ئىشلىتىشكە بولىدى، ئەمما ئۆچۈرىۋېتىلگەن ھۆججەتلەرگە نىسبەتەن بۇ ئاقماي قالدى، شۇڭا خالىغان ۋاقىتتا چەكلەيدىغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بىر پروگراممىا ئۇلارغا بەكمۇ لازىم بولىدى، تۆۋەندە بىز ئاشۇ كامىرا ئارقىلىق پاراڭلىششىنى خالىغان ۋاقىتتا چەكلىيەلەيدىغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان پروگراممىنى يازىمىز.
خاتىرە دەپتەرنى ئېچىپ، ئىچىدىكى مەزمۇنلەرنى stop.bat ھۆججىتى قىلىپ ساقلايمىز،ئىچىدىكى QQ قاچىلانغان مۇندەرىجە كومپيۇتېرىڭىزدىكىگە ماس كېلىشى كېرەك:

```
@echo off
echo y|cacls "c:\programfiles\tencenet\QQ\VideoDevice.dll" /D userA
```

ئوخشاش ئۇسۇلدا يەنە بىر start.bat ھۆججىتىنى پىرىپ چىقىمىز:

```
@echo off
echo y|cacls "c:\programfiles\tencenet\QQ\VideoDevice.dll" /g userA
```

ئىچىدىكى UserA بولسا نۆۋەتتە سىستېمىغا تىزىملىنىپ كىرگەن ئابونىت نامىنى كۆرسىتىدۇ.
شۇندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ بىر بىرىنىڭ كامىرالىق پاراڭلىششىنى چەكلىمەكچى بولغاندا stop.bat نى ئىجرا قىلىپ چەكلەيدىغان، ئۆزى ئىشلىتىدىغان چاغدا start.batنى ئىجرا قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ خالىغانچە ئىشلىتىدىغان بولدى...
سىز ئىشلەتكەندە ئامال بار بۇ ئىككى ھۆججەتنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئىشلىتىڭ، بولمىسا يىگىتىڭىز ياكى قىز دوستىڭىز بايقاپ قالسا ، يەنىلا ئەجرىڭىز بىكارغا كېتىدۇ ...

پىلانلىغۇچىلار:مەخمۇتجان(sazgur)،ماھىرجان(mayor)

بۇ سان مەسئۇلى:ماھىرجان

ژورنال ئىشلىگۈچى:مەخمۇتجان

ئالاقىلىشىش:QQ نومۇرى:359463358

ئېلخەت ئادرېسى:sazgur617@163.com

ھۆرمەت بىلەن:

شىنجاڭ پروگراممىا ھەۋەسكارلىرى ئىجادىيەت گورۇپپىسى

www.xjprgfan.com

www.bilish.com

www.uyghurcfan.com www.tebirkar.cn

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

2007-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى